# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جان تومۇرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇنىڭدىن كېيىن بىز داۋاملىق باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت بازىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ مۇجەسسەملەيمىز» دېدى قادىلبېك قاقان.

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزىمىزدىن باشلايمىز

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىشلەش بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.» موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ بازىرى ئاقساي كەنتى مۇيخەتەي چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەۋاتقان قازاق ئايال ئاينۇر بايجۇما مۇنداق دېدى: «ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا 35 ئەزا بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق كۆپ مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مەيلى تۇرمۇش ياكى ئىش قىلىشتا بولسۇن، ھەممىمىز بىر نىيەتتە بولۇپ، بىر ياقتىن كۈچ چىقىرىمىز، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بىللە كۆچەيمىز، تۇرمۇشىمىز ياخشىلانسا بىللە كۈلىمىز».

«بۇنىڭدىن كېيىن، مەن تېخنىكىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە ئۆگىتىپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە يېتەكلەيمەن. بىز ئانارنىڭ دانىسىدەك ئاشۇنداق زىچ ئۇيۇشساقلا، كۈنلىرىمىز چوقۇم كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ» دېدى ئاينۇر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمگو رايونى 1 - ئىيۇل تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى يەنخې يولى مەھەللىسىدە جەمئىي 1300دىن ئارتۇق ئاھالە بار بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، رۇس، شىبە قاتارلىق يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭ ئائىلە. مەھەللە پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې باۋسۇڭ مۇنداق دېدى: مەھەللە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش» شەكلى ئارقىلىق تۈرلۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، بۇ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم نەمۇنىچىلار جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش ھېكايىسىنى سۆزلەش، «80 - يىللار»دا تۇغۇلغانلار، «90 - يىللار»دا تۇغۇلغانلارنى تەشكىللەپ تۈرلۈك مۇسابىقە قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەكلى كۆپ خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈنسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدۇردى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ياخشى بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرىمىز» دېدى خې باۋسۇڭ.

### ئىتتىپاقلىشىپ قول تۇتۇشۇپ كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ كېيۇڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىگە قويۇپ پىلانلاپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ھەمدە كۆپ خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، چىش بىلەن كالپۇكتەك بىر - بىرىگە تايىنىدىغان، ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە، ئىتتىپاقلىشىپ قول تۇتۇشۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىللە ئۆتۈپ، بىر ئاز سانلىق مىللەتنىمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويمايمىز» دېدى ۋاڭ كېيۇڭ.

«بەخت كۆرەش قىلىشتىن كېلىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق 2 - ئىشچىلار ساناتورىيەسىنىڭ كادىرى لىيۇ جاۋساۋ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ تۇغقىنىم ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسى توغراق كەنتىدىكى يۈسۈپجان قاسىم ئائىلىسى، 2014 - يىلى ئۇلار بىر ئائىلىدىكى بەش جان يەنىلا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. كۆپ تەرەپنىڭ بوشاشماي تىرىشىشىدا، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ كەشتىچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭىيىپ، يىللىق ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى».

لىيۇ جاۋساۋ مۇنداق دېدى: «بۇ بىر نەچچە كۈندە بىز ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش› پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىمىز، مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا تۇغقانلىرىمغا سۆزلەپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن تۇغقانلىرىم بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، بىرلىكتە چارە - ئامال ئويلاپ كەلگۈسىنى پىلانلايمەن، ئىشىنىمەنكى، كۆپچىلىك بىرلىكتە ياخشى ئىشلىسەكلا، كۈنلىرىمىز جەزمەن بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپېي، قاتناشقان مۇخبىرلار خەن چېنيەن، مايگۈل ئايتقازى، جەزىرە نېسىپبېك، ۋېي خۇڭپېڭ، مېھرىگۈل غوپۇر، خېي خۇڭۋېي)**

# ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا بازار سۇبيېكتلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.9% ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەت جەھەتتە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىل 2 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلدە بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا ئائىت 16 تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش، مەمۇرىي ئىجازەت، رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت، كاپالەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار سۇبيېكتلىرىنى قولايلىق رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش بىلەن تەمىنلەپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىغا «توردا پۈتۈن جەريانلىق بېجىرىش، ئالدىن كېلىشىپ تېز بېجىرىش» تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش مۇلازىمىتى قىلدى ھەم پوچتىدىن قەغەز نۇسخىدىكى تىجارەت كىنىشكىسىنى ئەۋەتىپ بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت تەرتىپىنى ئىخچاملاپ، ئىجازەت مۇددىتى توشۇپ قالغان مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۆزى ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىش، سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ۋەدە بېرىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئىجازەت شەرتىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەل جايىدا كۈچ قوشۇش»نى باش تېما قىلغان مەخسۇس ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى ساھەسىگە ئاساسەن، مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى مۇلازىمەت ئەترىتى، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش مۇلازىمەت ئەترىتى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مۇلازىمەت ئەترىتى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مۇلازىمەت ئەترىتى، قانۇن ئىجرا قىلىش - نازارەت قىلىش مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 195 نۇقتىلىق كارخانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كارخانىلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى نەق مەيداندا ھەل قىلدى.

بۇ يىل 3 - ئايدا، ئاپتونوم رايون «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشىگە ياردەم بېرىپ، مۇقىم تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ھەم تەربىيەلىنىش ھەققى، تىجارەتتىن توختىتىلغان ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش ھەققى، ئۆي ئىجارە ھەققى، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ھەققى قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك ھەقتىن جەمئىي 1 مىليارد 956 مىليون يۈەننى كەچۈرۈم قىلدى، كارخانىلارنىڭ 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى، كارخانىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن 28 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەم بەردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز داۋاملىق ئىجازەت مۇھىتى، رىقابەتلىشىش مۇھىتى، ئىستېمال مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە يۇقىرى سۈپەتلىك تېز سۈرئەتنى يارىتىپ، ‹ئالاقە تورى + ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى› ۋە ‹بىر سۇپا›دا رويخەتكە ئېلىش، ‹بىر كۆزنەك›تە بېجىرىش، ‹بىر تور›دا ئىش بېجىرىش، ‹قاتىرىدىماي› كىنىشكا ئېلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تەستىقلاش تەرتىپى، تەستىقلاش ۋاقتى، تەستىقلاش تەننەرخىنى ھەقىقىي ئازايتىپ، مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئىخچام مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى گاۋ جيەندۇڭ.

# ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8% ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالدىنقى بەش ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 - كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى تەخمىنەن 600 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توكنىڭ 1.25%ىنى ئىگىلىگەن. 2 - كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 31 مىليارد 217 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توكنىڭ 65.36%ىنى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.63% تۆۋەنلىگەن، بۇ، ئاساسلىقى ھازىرقى يەر شارىۋى يۇقۇمنىڭ سىجىل يامرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قىسمەن ساھەلەرنىڭ بازار ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن بولغان، توقۇمىچىلىق، ئاليۇمىن تاۋلاش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا توك ئىشلىتىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن.

ئالدىنقى بەش ئايدا توك ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى 3 - كەسىپ. 3 - كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك 15 مىليارد 948 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توكنىڭ 33.39%ىنى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.46% ئاشقان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇلازىمەتچىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقتىن بولغان، «چوڭ سانلىق مەلۇمات» ۋە «بۇلۇت» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن توك ئىشلىتىش مىقدارى 3 مىليارد 628 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، توك ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ 7.4 پىرسەنت پوئېنت ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان.

توك ئىشلىتىش تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، سېتىشنى كېڭەيتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش سېتىلغان توك مىقدارىنىڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپنى كېڭەيتىشنى ئىلتىماس قىلىش تەرتىپىنى ئىخچاملاپ، نۇقتىلىق كەسىپلەرنى كېڭەيتىش تۈرلىرىگە ۋۇقۇسكا ئېسىپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ، جەمئىي 35 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى نۇقتىلىق تۈردىن 19نى تاماملىغان، سىغىمى 1 مىليون 680 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرغا يەتكەن.

ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ سەپلىمە كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش توك سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى توك سېتىشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى پائال كېڭەيتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئاھالىلەر تۇرمۇشى، سودا، يېمەك - ئىچمەك، مەكتەپلەردە پاكىز ئىسسىنىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى سەپلەشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنقى بەش ئايدا 2 مىليارد 243 مىليون كىلوۋات سائەت سەپلىمە توك مىقدارىنى تاماملىغان.

# كەنتتە تۇرۇشلۇق 76 مىڭ كادىر نامراتلىقنى قوغلىدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا

(بېشى 1 - بەتتە)

«كەنتىمىزدىكى 130دىن ئارتۇق پارنىكتىكى كۆكتاتلار يېقىنقى بىر نەچچە كۈندە مەركەزلىك بازارغا سېلىنىدۇ، تۈرى بىرقەدەر كۆپ، سىلەرنىڭ كۆكتاتلىرىمىزنى بېكىتلىگەن نۇقتىدا توپ سېتىپ بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقىڭلارغا قارايمىز...» 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردىلا، ئېركىنبېك كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىدىكى شىنتيەندى سودا بازىرىغا كېلىپ، مېۋە، كۆكتات توپ سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن كېڭەشتى، يېرىم كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بەش مېۋە، كۆكتات توپ سېتىش سودىگىرى بۇ كەنتنىڭ پارنىكتىكى مېۋە، كۆكتاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى بېكىتتى.

«مېۋە، كۆكتات پارنىكىدا كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىشنى باشلىغاندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زورايتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرىمىز» دېدى ئېركىنبېك.

يوللارنى رېمونت قىلىش، كەسىپ يېتىلدۈرۈش، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش... 2019 - يىلى، دالا ئاۋىز كەنتىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 250 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى.

### كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئىلگىرى، ئاقچى ناھىيەسىنىڭ قاراچى يېزىسى قاراچى كەنتى نامرات كۆلبە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كەنتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، خۇانېڭ شىنجاڭ ئېنېرگىيە ئېچىش چەكلىك شىركىتىدىن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى گو ۋېيجۈڭ تۈرلۈك مەبلەغنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، 1000 مو جىغانلىق، يوۋجى توخۇسى باقمىچىلىقى، ئۈجمە تېرىقچىلىقى كەسىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن چىقىندۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۈگۈنكى كۈندە يەنە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەنلىرى شۆبىۋەنى بىلەن چوڭقۇر ھەمكارلىشىپ، ئوت - چۆپ تېرىقچىلىقى، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، «بېيخۇا 1 - نومۇر» ئۈجمە سورتى ۋە سىلوس كۆممىقونىقنى پائال سىناق قىلىپ تېرىپ، قاراچى كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە قاراچى كەنتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ھەربىر 1 - شۇجى بايلىقنى ئۈنۈملۈك بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۈچلەرنى بىرىكتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەرنى گىرەلەشتۈرۈپ، غايەت زور بولغان ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتى بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

«نامراتلارنى يۆلەش ئەزەلدىن بىر جاي، بىر ئورۇننىڭ ئىشى ئەمەس، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ قەلب، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق» دېدى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى قۇتچى كەنتىگە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن 1 - شۇجى لى يۈك.

2018 - يىلى 1 - ئايدا، لى يۈك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى ئالتە كادىر يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى، ئەگەرچى بازىرىدىكى ئالتە ئېغىر نامرات كەنتتە 1 - شۇجى بولدى. كەنتنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى جەمئىي 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. بۇ يىل يەنە 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىدىن 96نى ئاچتى.

قۇتچى كەنتىنىڭ ئادەم كۆپ، يەر ئاز، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنتنىڭ «كۆك - تاق» قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بەردى. بۇ بىر نەچچە يىلدا، قۇتچى كەنتىگە 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تېرىش، پەرۋىش، يېتىشتۈرۈش، ئۈزۈش، يەتكۈزۈش قاتارلىق يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كۆكتات سۈپىتىنى ئۆستۈردى، كۆكتات مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇردى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى.

### تەشكىلاتنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش زاپاس كۈچلەرنى توپلاش

«قانداق قىلغاندا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار قوشۇنىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟» ساۋەن ناھىيەلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئۇلان ئۇس بازىرىنىڭ ئاياق سىگۇك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋۇ دىرېن كەنتتە تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاندى.

ۋۇ دىرېن كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ئىش قىلالايدىغان، ئىش قىلىشنى بىلىدىغان، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى قىلدى. بىر تەرەپتىن خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرى بىلەن كەنت كادىرلىرىنى «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش - يېتەكلەش قوشماقلىرىدىن قىلىپ ھەم ئارىلاش ئىشتاتلىق ئىش ئورنى بېكىتىش، باغلاپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قىلچە قالدۇرماي چارە - تەدبىر ئۆگىتىشى، تەجرىبە يەتكۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەت يۈكلەپ، ۋەزىپە سىڭدۈرۈپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىقتىدار، ساپاسىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تاۋلاتقۇزدى.

ۋۇ دىرېنغا ئوخشاش، يېزا - كەنتلەردە يىلتىز تارتقان 1 - شۇجىلار ئۈنۈملۈك بولغان چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنىڭ بەنزىنى كۈچەيتىش، قوشۇنىنى يېتەكلەش، تۈزۈم ئورنىتىش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلنى چىڭىتىدىغان «يېتەكچى»لەرگە ئايلاندى.

«كەنتىمىزدە 114 پارتىيە ئەزاسى بار، قانداق قىلغاندا بۇ پارتىيە ئەزالىرىنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىز جەزمەن يۈزلىنىدىغان تېما» دېدى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قومۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىدىن ئىۋىرغول رايونىنىڭ قارادۆۋە بازىرى بوستان كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى لىن خېيبو.

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كەنت ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى پارتىيە - ئىتتىپاق پائالىيىتى تەشكىللىدى. «كەنتىمىزدە پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى كۆپ، بىز ياش پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش بىلەن بىللە، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىسى مول، ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ‹كەنت دەرىجىلىك ئىش باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئۆمىكى› قۇردۇق، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاممىنىڭ بەزى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاممىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى» دېدى لىن خېيبو.